## 27075 ـ جەننەت ۋە دوزاخنىڭ دەرىجىلىرى ۋە ئۇلاردىكى ئىش-ئەمەللەر

### سۇئال

قانچە جەننەت ۋە دوزاخ بار ؟ ئۇلارنىڭ دەرىجىلىرى قانداق پەرقلىنىدۇ ؟ ھەر بىر دەرىجىگە ئىرىشىش ئۈچۈن نىمە قىلىش كىرەك ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

مەدھىيە ئالالاھقا بولسۇن .

بىرىنچى :

سانىغا كەلسەك ، بىرلا جەننەت ۋە بىرلا دوزاخ بار . لىكىن ھەر بىرىدە مەرتىۋە ۋە دەرىجىلەر بار . جەننەت ھەدىيسلەردە بەزىدە كۆپلۈك ساندا ئىلىنىدۇ . بىراق بۇ بىر نەچچە تۈرلۈك جەننەتنىڭ بارلىقىنى ئۇقتۇرمايدۇ . پەقەت ئۇنىڭ كاتتىلىقى ، ئۇنىڭدىكى دەرىجە ، مەرتىۋىلەرنىڭ ھەرخىللىقى ياكى ئۇنىڭغا كىرگەن ھەربىر كىشىنىڭ ئەجرىنىڭ كاتتىلىقىغا ئىشارەت . خۇددى ئەنەس بىن مالىكنىڭ ھەدىيسىدە كەلگەندەك ، ئۇممۇ رەبىيئى بىنت بەرا –ھارىسە بىن سۇراقەنىڭ ئانىسى پەيغەمبەرنىڭ ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن)قىشىغا كەلدى . ۋە : " ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ، ھارىسە ھەققىدە ئېيتىپ بەرمەمسىز ؟ ئۇ بەدرى جىڭىدە بىر ئازغان ئوق تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەنىدى . ئەگەردە ئۇ جەننەتتە بولسا سەۋىر قىلىمەن ، بىراق ئۇ ئەكسىنچە بولسا ، ئۇنىڭ ئۈچۈن قاتتىق يىغلايمەن . " دىدى . ئۇ : ئى ھارىسە نىڭ ئاپىسى ، جەننەتتە جەننەتلەر( باغچىلار )بار . يەنە بىر نەقىلدە : ئۇ بولسا كۆپ جەننەت(باغچا) – ھەمدە سىنىڭ ئوغلۇڭ ئەڭ يۇقۇرسى بولغان فىردەۋسكە ئىرىشتى . دىدى .]

بۇخاريي نەقىل قىلغان ، 2809 ]

ئىككىنچى :

دوزاخنىڭ قاتلاملىرى ئۇنىڭ دۇنيادىكى كىشىرىنىڭ كاپىرلىقىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ھەرخىل بولىدۇ . مۇناپىقلار دوزاخنىڭ ئەڭ تۆۋەنكى قاتلىمىدا بولىدۇ . خۇددى ئاللاھ ئېيتقاندەك : مذناصعقلار حوقذم دوزاخنعث ظةث ظاستعنقع قةؤعتعضة(يةنع قةظرعضة)تاشلعنعدذ،ظذلارغا هةرضعزمذ (ظازابتعن قذتقذزعدعغان) مةدةتكار تاصالمايسةن .

[ نىسا ( ئاياللار ) : 145 ]

ئۇنىڭ قاتلاملىرىنىڭ ئەڭ يەڭگىلى – ئاللاھ ئۇنىڭدىن ساقلىسۇن –بولسا پەيغەمبىرىمىز ئۇنى كۆرسەتكەن . نۇئىمان بىن بەشىير دىن نەقىل قىلىندىكى ، پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : دوزاخ كىشىلىرىنىڭ ئەڭ يەڭگىل ئازاپلىنىدىغىنى – بىر ئادەم بولۇپ ، ئۇنىڭ ئوتتىن بىر جۈپ ئايىقى ، ۋە بىر جۈپ بوغقۇچى بولىدۇ . يەنە بىر نەقىلدە : ئىككى چوغ ئۇنىڭ ئىككى پۇتىنىڭ ئويمىنىغا قويۇلىدۇ-دە ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مىڭىسى خۇددى چۆگۈن قاينىغاندەك قاينايدۇ .

ئۇ ھچكىم ئۆزىدىن قاتتىقراق ئازابلانغان دەپ ئويلىمايدۇ . ھالبۇكى ، ئۇ ئەڭ يەڭگىل ئازاپلىنىدىغانلارنىڭ بىرى . [ بۇخارىي ( 6562) ، مۇسلىم ( 212) نەقىل قىلغان . ]

بىر نەقىلدە ھىلىقى ئادەم ئىنىق ئاتالغان بولۇپ ، ئۇ بولسا پەيغەمبەرنىڭ ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) دادا تەرەپ تاغىسى ئەبۇ تالىب بولۇپ ، ئۇ ئىسلامنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۇنى قوغداشتا رولى بولغانلىقتىن ، ئاللاھ ئۇنىڭدىن ئازاپنى كىمەيتىۋەتكەن .

ئۈچىنچى :

بىز جەننەتنىڭ سانىغا چەك بەلگىلەنگەنلىكىنى بىلمەيمىز . ئابدۇللاھ بىن ئەمرۇنىڭ ھەدىيسىگە ئاساسلانغاندا ، ئۇنىڭ سانى قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ سانىغا تەڭ كىلىدۇ ، دىيىلىدۇ . ئۇنىڭدا پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : قۇرئاننىڭ ھەمرىيىغا ( ئۇنى دائىم تىلاۋەت قىلغۇچى) دىيىلىدۇكى : ئوقۇغىن ، خۇددى بۇدۇنيادا تىلاۋەت قىلغىنىڭدەك تىلاۋەت قىلغىن ھەمدە ئۆرلىگىن . سىنىڭ ئورنۇڭ سەن ئوقۇيدىغان ئاخىرقى ئايەتتە بولىدۇ . [ ئۇنى ئەبۇ داۋۇد( 1464) ، تىرمىزىي( 2914) نەقىل قىلغان . ئەلبانىي سەھىيە ئەبۇ داۋۇدتا ئۇنى سەھىيە دەپ تۈرگە ئايرىغان . ]

مۇنزىرىي تەرغىيبتا مۇنداق دىگەن : خەتتابىي مۇنداق دىدى : " نەقىلدە كەلدىكى ، قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ سانى بولسا ئاخىرەتتە جەننەتتىكى دەرىجە ۋە مەرتىۋىلەرنىڭ سانى . ھەمدە قۇرئان ئوقۇغۇچىغا : سەن قۇرئاننىڭ ئايەتلىرىنى ئوقۇغان مىقداردا دەرىجىگە ئۆرلىگىن ، دىيىلىدۇ . كىمكى قۇرئاننىڭ ھەممىسىنى تىلاۋەت قىلسا ، ئۇ ئاخىرەتتە جەننەتتىكى ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىگە يىتىدۇ . ھەمدە كىمكى ئۇنىڭ بىر قىسمىنى تىلاۋەت قىلسا ، ئۇ شۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئوخشاش دەرىجىگە ئۆرلەيدۇ . ھەمدە ئۇنىڭ ئەجرىنىڭ ئاخىرقى چىكى قىرائىتىنىڭ ئاخىرقى چىكىدە بولىدۇ . " [ تەرغىيب ۋە تەرھىيب ، 2 228 ]

لىكىن ئۇنىڭ بۇ سۆزىدە باشقىچە قاراشلار بار ؛ چۈنكى ھەدىيس قۇرئاننى يادقا ئالغۇچىلارنىڭ دەرىجىسى ھەققىدە ئەمەس ، ئۇلارنىڭ ئورنى ھەققىدە بولۇپ ، دەرىجە ئۇلارنىڭ بۇدۇنيادىكى تىرىشچانلىقلىرىغا قاراپ ھەرخىل بولىدۇ . شۇنىڭدەك ، كىشىلەر بىر-بىرى بىلەن يۇقۇرى-تۆۋەن بولىدىغان باشقا ئىش-ئەمەللەر بار . مەسىلەن ، ساپ ئىيمان، جىھاد ۋە باشقىلار . شۇڭا بىز پۈتكۈل قۇرئاننى يادلىغۇچى مۇتلەق ھالدا جەننەتتىكى ئەڭ يۇقۇرى دەرىجىدە بولىدۇ دەپ ئېيتالمايمىز .

جەننەت دەرىجىلىرىنىڭ ئەڭ يۇقۇرىسى بولسا فىردەۋس . ئەبۇ ھۇرەيرىدىن نەقىل قىلىنىدىكى ، ئاللاھ ئەلچىسى ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : سىلەر ئاللاھتىن سورىغان چېغىڭلاردا ، ئۇنىڭدىن فىردەۋسنى سوراڭلار . چۈنكى ئۇ جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھەمدە جەننەتنىڭ ئەڭ يۇقۇرىسى بولۇپ ، ئۇنىڭ ئۈستىدە مىھرىبان ئاللاھنىڭ تەختى( ئەرشى) بار ، ئۇنىڭدىن جەننەتنىڭ دەريالىرى ئېتىلىپ چىقىدۇ . [ ئۇنى بۇخارىي( 2637) ، مۇسلىم( 2831) نەقىل قىلغان . جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسى نىڭ مەنىسى : ئۇنىڭ ئەڭ ياخشىسى . ئۇ ئاللاھنىڭ مۇنۇ سۆزىگە ئوخشايدۇ : ۋە شۇنىڭدەك سىلەرنى ئوتتۇردىكى( ئەڭ ياخشى) ئۈممەت قىلدۇق . [ بەقەرە( ئىنەك) : 143]

سۈننەت بىر قىسىم ئىش-ئەمەللەرنى ۋە ئۇنى قىلغۇچىلارنىڭ دەرىجىلىرىنى بايان قىلغان ، ئۇلاردىن :

1- ئاللاھ ھەققىدە ئىشىنىش ۋە ئەلچىلەرگە ئىشىنىش

ئەبۇ سەئىيد خۇدرىيدىن نەقىل قىلىنىدىكى ، پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن :

«جەننەت كىشىلىرى ئۈستىلىرىدىكى ياتاق–ئۆيلەردىكى كىشىلەرنى خۇددى شەرق ياكى غەربپ ئۇپۇقىدىكى چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلارنى كۆرۈشكىنىدەك كۆرۈشىدۇ . چۈنكى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئىۇقۇرى–تۆۋەنلىك بار . ئۇلار : " ئى ئاللاھ ئەلچىسى ، پەيغەمبەرلەرنىڭ ئورۇنلىرى ئۇلاردىن باشقىلار يىتەلمەيدىغان ئورۇن ، شۇنداقمۇ ؟ " دىدى . ئۇ : ياق ، جىنىم ئۇنىڭ قولىدا بولغان زات بىلەن قەسەم ، ئۇلار بولسا ئاللاھ ھەققىدە ئىشەنگەن ۋە ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە ئىشەنگەنلەر . [ ئۇنى بۇخارىي( 3083) ، مۇسلىم( 2831) نەقىل قىلغان . ]

2– ئاللاھ ئۈچۈن جىھاد قىلىش

ئەبۇ ھۇرەيرىدىن نەقىل قىلىندىكى ، ئاللاھ ئەلچىسى ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : جەننەتتە يۈز دەرىجە بار . ئاللاھ ئۇلارنى ئاللاھ ئۈچۈن جىھاد قىلغان كىشىلەرگە تەييارلىغان . ھەر ئىككى دەرىجىنىڭ ئارىسىدىكى ئارلىق ئاسمانلار بىلەن زىمىننىڭ ئارىسىدىكى ئارلىقتا تەڭ كىلىدۇ .

[ ئۇنى بۇخارىي نەقىل قىلغان ، 2637 ]

3– شەھىدلىكنى راستچىللىق بىلەن ئارزۇ قىلغۇچى ئۇنىڭغا يىتىدۇ

سەھل بىن ھەنىيفتىن نەقىل قىلىندىكى ، پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : كىمكى ئاللاھتىن راستچىللىق بىلەن شەھىدلىكنى تىلىسە ، گەرچە ئۇ كارۋىتىدا ئۆلسىمۇ ئۇنى شەھىدلەرنىڭ ئورنىغا يەتكۈزىدۇ .

[ ئۇنى بۇخارىي نەقىل قىلغان ، 1909 ]

4– ئاللاھ ئۈچۈن خىراجەت قىلىش

ئەبۇ ھۇرەيرىدىن نەقىل قىلىندىكى ، ئۇ مۇنداق دىگەن : نامراتلار پەيغەمبەرنىڭ ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن) قىشىغا كىلىپ مۇنداق دىدى : " باي كىشىلەر ئەڭ يۇقۇرى ئورۇنلارنىڭ ھەممىسىنى ئىلىۋالدى . ئۇلار بىز ناماز ئوقۇغاندەك ناماز ئوقۇيدۇ ، بىز روزا تۇتقاندەك روزا تۇتىدۇ . لىكىن ئۇلارنىڭ ھەج قىلىدىغانغا ، جىھاد قىلىدىغانغا ۋە سەدىقە بىرىشكە ئارتۇق مال–مۈلكى بار . ..."

[ ئۇنى بۇخارىي ( 807) ، مۇسلىم ( 595) نەقىل قىلغان .]

5 – قىيىن پەيىتتە بولسىمۇ تاھارەتنى مۇۋاپىق ئىلىش ، مەسچىدكە كۆپ قەدەم ئىلىش ھەمدە نامازدىن كىيىن نامازغا ساقلاش .

ئەبۇ ھۇرەيرىدىن نەقىل قىلىندىكى ، پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن : سىلەرگە ئاللاھ ئۇ ئارقىلىق گۇناھلارنى ئۆچۈرىدىغان ، ئورنۇڭلارنى كۆتۈرىدىغان نەرسىلەرنى ئىيتىپ بەرمەيمۇ ؟ ئۇلار : " ھەئە ، ئى ئاللاھ ئەلچىسى . " دىدى . ئۇ : گەرچە قىيىن پەيىتتە بولسىمۇ تاھارەتنى مۇۋاپىق ئىلىش ، مەسچىدكە كۆپ قەدەم ئىلىش ھەمدە نامازدىن كىيىن نامازغا ساقلاش . ئۇ بولسا چىگرانى قوغداش ( يەنى ، شۇنىڭغا تەڭ ) . دىدى .

[ مۇسلىم نەقىل قىلغان ، 251 ]

6 – قۇرئان يادلاش

ئابدۇللاھ بىن ئەمرۇدىن نەقىل قىلىندىكى ، پەيغەمبەر ( ئاللاھنىڭ تەرىپلىشى ۋە ئامانلىق ئۇنىڭغا بولسۇن ) مۇنداق دىگەن :

قۇرئاننى ھەمراھ قىلغۇچىغا( دائىم ئوقۇپ تۇرغۇچى) : سەن خۇددى بۇدۇنيادا تىلاۋەت قىلغىنىڭدەك ، تىلاۋەت قىلغىن ۋە ئۆرلىگىن . سىنىڭ ئورنۇڭ سەن تىلاۋەت قىلغان ئەڭ ئاخىرقى ئايەتتە بولىدۇ ،دىيىلىدۇ . [ ئۇنى ئەبۇ داۋۇد( 1646) ، تىرمىزىي( 2914) نەقىل قىلغان ، ئەلبانىي سەھىيە ئەبۇ داۋۇدتا سەھىيە دەپ تۆرگە ئايرىغان .]

ھېرىسمەن ئادەم ئۆزىنىڭ نەزىرىنى جەننەتتىكى ئەڭ يۇقۇرى ئورۇنغا قارىتىشى ھەمدە ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئىرىشىشكە ۋە ئاللاھ ۋەدە قىلغان ئەڭ يۇقۇرى ئورۇن فىردەۋسكە كىرىشكە كۆرەش قىلىشى كىرەك .

ھەمدە ئاللاھ ياخشى بىلىدۇ .